# 吐鲁番统计年鉴

# 2000







中国统计出版社
China Statistics Press

# تۇرپان ستاتىستىكا يىلنامىسى

# 吐鲁番统计年鉴

# STATISTICAL YEARBOOK OF TULUFAN

# 2000

جۇڭگو ستاتىستىكا نەشرىياتى
中国统计出版社

（京）新登字 041 号

图书在版编目（CIP）数据

吐鲁番统计年鉴　2000/吐鲁番地区统计局编.
—北京：中国统计出版社，2000.6
ISBN 7—5037—3252—0

Ⅰ.吐…
Ⅱ.吐…
Ⅲ.社会经济统计资料—统计资料—新疆—吐鲁番地区—2000—年鉴
Ⅳ.C832.452
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2000）第 62147 号

吐鲁番统计年鉴—2000

作　　者/ 统计局
责任编辑/ 陈悟朝
E —mail/ yearbook@stats.gov.cn
责任校对/ 张　斌
封面设计/ 刘国宁
出版发行/ 中国统计出版社
通信地址/ 北京市西城区三里河月坛南街 75 号　中国统计出版社
电　　话/（010）63262295
印　　刷/ 新疆吐鲁番地区电子计算印刷中心
开　　本/ 787×1092 毫米　16 开本
字　　数/ 53.6 万字
印　　张/ 23.88 印张
印　　数/ 1000 册
版　　别/ 2000 年 6 月第 1 版
版　　次/ 2000 年 6 月第 1 次印刷
书　　号/ ISBN 7—5037—3250—/0
定　　价/ 85 元

中国统计版图书，版权所有，侵权必究。
中国统计版图书，如有印装错误，本社发行部负责调换。

# «تۇرپان ستاتىستىكا يىلنامىسى ـ 2000»نىڭ
# تەھرىر ھەيئەتلىرى

## 1. تەھرىر ھەيئەتلىرى

پەخرى مۇدىر: لى مىڭ

مۇدىر: مۆمىن مەمەت

مۇئاۋىن مۇدىر: جاڭ بىن، پۇ يەنپىڭ

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: ياڭ يىڭ، چېن جىخۇڭ، گۈلىيە سىراـ جىدىن، تاھىر سىيىت

## 2. تەھرىر بۆلۈمى:

باش مۇھەررىر: جاڭ بىن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۆمىن مەمەت، پۇ يەنپىڭ، ياڭ يىڭ

مەسئۇل مۇھەررىر: ياڭ يىڭ

مۇھەررىرلەر: تۇرسۇنگۈل مەخموت، پاتىگۈل ساتتار، ئامانگۈل ياـ قۇپ، چېن جىخۇڭ، ساۋ خۇڭ، گۈلىيە سىراجىدىن، رۇقىيە باتىن، پاتىگۈل مەمەت، جىڭ چۇڭئېر، چېن شاۋجۈن

تۈزۈشكە قاتناشقانلار: رۇقىيە باتىن

تەرجىمانلار ھەم ئۇيغۇرچە كورېكتورلار: مەمەت زىياۋۇدۇن، تۇرـ سۇنگۈل مەخموت، پاتىگۈل ساتتار، پاتىگۈل مەمەت، ئامانگۈل ياقۇپ

باش تەرجىمان: مۆمىن مەمەت

# 《吐鲁番统计年鉴——2000》编委会及编辑人员


## 一、编委会：

名誉主任：　李　明

主　　任：　买明·买买提

副 主 任：　张　斌　　濮艳萍

编　　委：　杨　瑛　　陈志红　　古丽亚·司拉吉丁

　　　　　　塔依尔·色依提

## 二、编辑部：

主　　编：　张　斌

副 主 编：　买明·买买提　　濮艳萍　　杨　瑛

责任编辑：　杨　瑛

编　　辑：　吐尔逊古丽·买合木提　　帕提古丽·沙塔尔

　　　　　　阿曼古丽·牙克甫　　陈志红　　曹　虹

　　　　　　古丽娅·司拉吉丁　　茹克娅·巴庭

　　　　　　帕提古丽·买买提　　郑重耳　　陈晓军

编　　务：　茹克娅·巴庭

维文翻译及校对：　买买提·孜牙吾东

　　　　　　　　　吐尔逊古丽·买合木提

　　　　　　　　　帕提古丽·沙塔尔

　　　　　　　　　帕提古丽·买买提

　　　　　　　　　阿曼古丽·牙克甫

维文审校：　买明·买买提


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# تەھرىر ئىزاھاتى

1. «تۇرپان ستاتىستىكا يىلنامىسى ـ 2000» نىڭ (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىرىشتۈرۈپ نەشر قىلىنغان نۇسخىسى)، تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادى ھەم ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرىدىغان ماتېرىيال خاراكتېرلىك توپلامدۇر.

بۇ توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ تۇرپاننىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش، پۈتۈن ۋىلايەت ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئىقتىسادقا ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا تەپسىلى مول بولغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بۇ كىتاپ مەملىكىتىمىزنىڭ ستاتىستىكا يىلنامىلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولۇپ، تۇرپاننىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، كۆچلۈك ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقىقا ۋە تارىخى ماتېرىيال سۈپىتىدە ساقلاش قىممىتىگە ئىگە.

2. يىلنامە ئىككى قىسىمدىن تەركىپ تاپقان، يەنى يازما ماتېرىياللار، ستاتىستىكا ماتېرىياللاردىن ئىبارەت.

ستاتىستىكا ماتېرىياللار 14 قىسىمدىن تەركىپ تاپقان: يەنى 1) مەمۇرىي رايونلار ۋە تەبئىي ئەھۋال. 2) ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچلەر؛ 3) ئاھالە؛ 4) ئەمگەك كۈچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى؛ 5) مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ۋە بىناكارلىق؛ 6) مالىيە، مال باھا؛ 7) يېزا ئىگىلىك؛ 8) سانائەت؛ 9) قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى؛ 10) ئىچكى سودا، تاشقى ئىقتىساد ۋە ساياھەتچىلىك؛ 11) پۇل مۇئامىلە، سوغۇرتا كەسپى؛ 12) مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى؛ 13) تەنتەربىيە، سەھىيە ۋە باشقا كەسپلەر؛ 14) رەتكە تۇرغۇزۇش ماتېرىيالى؛

3. ماتېرىيالدا بىردەك خەلقئارادا قوللىنىۋاتقان ئۆلچەم بىرلىكلىرى بويىچە ئېلىندى.

4. كىتاپتىكى «يەرلىككە تەۋە» دېيىلگىنى ۋىلايەتنىڭ جەمئىي سا-

ندىن تۇرپان-قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ سانىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى سانىنى كۆرسىتىدۇ.

5. ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپ قىسمى يىللىق ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىدىن، ئاز قىسمى نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىن ئېلىندى.

6. مەزكۇر «يىلنامە» نىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك سانلىق ئاساسلار ستاتىستىكىلىق ئۆز ئىچىگە ئېلىش دائىرىسىنىڭ تەڭشەلگەنلىك سەۋەبى بىلەن بىر قىسىم ماتېرىياللار ئۆزئارا ئوخشاش بولۇپ، شۇ جەدۋەللەرگە ئىزاھات بەردۇق، شۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلانغاندا دىققەت قىلىشىڭىزنى سورايمىز.

7. كىتاپخانلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، «يىلنامە» گە بىر تۈركۈم تارىخى ماتېرىياللار ياكى ئاساسلىق يىللاردىكى ماتېرىياللار كىرگۈزۈلدى.

8. كىتاپتىكى شەرتلىك بەلگىلەرگە ئىزاھات:

”بوش كاتەكچىلەر“ سانلىق ئاساسلارنىڭ يوقلىقىنى ياكى ئىگىلىمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

”. . . .“ مۇشۇ جەدۋەلدىكى ئەڭ كىچىك ھېسابلاش بىرلىكىگە توشمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

« # » بۇنىڭ ئىچىدە دېگەننى ئىپادىلەيدۇ.

9. بۇ كىتاپنى تەھرىرلەش جەريانىدا ۋىلايىتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ھەم يېقىندىن ماسلىشىشىغا ئېرىشتۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى، ۋاقىتنىڭ قىس بولۇشى تۈپەيلىدىن خاتالىق ھەم يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش تەس. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ھەر مىللەت كىتاپخانلىرى ۋە ستاتىستىكا سېپىدىكى كەسپداشلارنىڭ تەنقىد قىلىپ، كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«تۇرپان ستاتىستىكا يىلنامىسى» تەھرىر ھەيئىتى

# 编 辑 说 明

一、《吐鲁番统计年鉴——2000》(维汉版)是全面反映吐鲁番地区国民经济和社会发展情况的资料性年刊。本《年鉴》的出版,将为各级党政领导和社会各界了解吐鲁番区情,掌握全地区经济运行情况,指导宏观经济提供翔实、丰富的资料。

本书符合全国统计年鉴系列化、规范化要求,突出吐鲁番特色,具有很强的实用性和历史价值。

二、本《年鉴》内容共分两部分,即:文字资料,统计资料。

统计资料由14部分组成。包括:1、行政区划和自然状况;2、综合;3、人口;4、劳动力和职工工资;5、固定资产投资与建筑业;6、财政物价;7、农业;8、工业;9、交通运输、邮电通迅业;10、国内贸易和对外经济、旅游业;11、金融保险业;12、教育科技及文化事业;13、体育、卫生和其他事业;14、排序资料。

三、资料中所使用的度量衡单位,均采用国际统一标准计量单位。

四、书中所涉地方属均指全地区合计中扣除吐哈油田部分。

五、统计资料大部分来自年度统计报表,少部分来自抽样调查。

六、本《年鉴》各部分相关数据,由于统计口径调整原因有的资料不尽相同,我们在表中已加注释,使用时请注意。

七、为了方便读者,本《年鉴》还保留了部分历史资料或重要年份资料。

八、本书符号使用说明:

"空格"表示没有或未掌握指标数据;

"…"表示不足本表最小计量单位;

"#"表示其中项。

九、本书在编辑过程中,得到全地区有关单位的大力支持和协助,在此深表感谢。由于我们水平有限,时间仓促,错误和不足在所难免。敬请各级领导、各族读者及统计战线的同仁,不吝批评指正。

《吐鲁番统计年鉴》编辑部

# تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ 1999 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ستاتىستىكا ئاخباراتى

## تۇرپان ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى

1999 ـ يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمورى مەھكىمىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، پارتىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى 3 ـ 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندىكى قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ «يېزا ئىگىلىكىنى كۈچەيتىش، سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ساياھەتچىلىككە يول ئېچىش، سودىنى جانلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت بىر قاتار فاڭجېن سىياسەتلەرنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى تىرىشىپ يېڭىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى، يېزا ـ ئىگىلىكىدىن يەنە مول ـ ھوسۇل ئېلىندى، سانائەت ئىگىلىكى مۇقىم ئاشتى. مەبلەغ سېلىش زور ھەجىمدە ئاشتى، ئىستېمال بازىرى بىر قەدەر مۇقىم بولدى. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش داۋاملىق كېڭەيدى. مالىيە، پۇل مۇئامىلە ۋەزىيىتى ئاساسەن نورمال بولدى. پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىي ـ مائارىپ، تەنتەربىيە، سەھىيە، رادىئو ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئىجتىمائىي سىياسىي مۇقىم بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى داۋاملىق ياخشىلانماقتا.

### 1. ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچلەر

خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولدى. دەسلەپكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا پۈتۈن يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليارت 49 مىليون يۈەن (ھازىرقى باھا تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولۇپ، سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %7.7 ئاشتى. ئىچىدە يەرلىككە تەۋە بولغىنى 2 مىليارت 513 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %8.7 ئاشتى. ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئىچىدە بىرىنچى كەسىپنىڭ (يېزا ئىگىلىكى) قوشۇلما قىممىتى 753 مىليون يۈەن بولۇپ %4 ئاشتى؛ ئىككىنچى كەسىپنىڭ (سانائەت بىلەن بىناكارلىق كەسپى) قوشۇلما قىممىتى 3 مىليارت 185 مىليون يۈەن بولۇپ %8.65 ئاشتى. ئۈچىنچى كەسىپنىڭ (بىرىنچى، ئىككىنچى كەسىپتىن باشقا كەسىپلەر) قوشۇلما قىممىتى 1 مىليارت 111 مىليون يۈەن بولۇپ %9.8 ئاشتى. 1.،

2.، 3. كەسپلەرنىڭ قوشۇلما قىممەت نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا %14.9، %63.1، %22 بولۇپ، ئىچىدە 1. كەسپنىڭ ئېگىلىگەن نىسبىتى %1.5 چۈشۈپ كەتتى، 2 - كەسپنىڭ ئېگىلىگەن نىسبىتى %0.3 ئۆرلىدى. 3 - كەسپنىڭ ئېگىلىگەن نىسبىتى %1.2 ئۆرلىدى. 1.، 2.، 3 - كەسپلەرنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا %13.1، %64.9، %22 بولۇپ، ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 2 - كەسپنىڭ قوشقان تۆھپىسى %11.7 ئۆرلىدى. 1.، 3 - كەسپلەرنىڭ قوشقان تۆھپىسى ئايرىم ئايرىم ھالدا %7.3، %4.4 چۈشۈپ كەتتى. ئېچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ %7.7 لىك ئۆرلەش سۈرئىتىدە 1 - كەسپ %1 سىلجىتىلدى، 2 - كەسپ %5 سىلجىتىلدى، 3 - كەسپ %1.7 سىلجىتىلدى.

ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىدا ساقلانغان ئاساسىي مەسىلىلەر:

ئۇنۇملۇك ئېھتىياج يېتەرسىز، مال باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلىدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى يەنىلا ئاجىز، دېھقانلار كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، مەھسۇلاتنىڭ بازار رىقابىتى كۈچى كەمچىل بولدى.

## 2. يېزا ئىگىلىكى

يېزا ئىگىلىكىدە يەنە مول - ھوسۇل ئېلىندى.

1999- يىلى ۋىلايىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنى باشتىن - ئاخىر ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پاختىنى قىسقارتىش، ئۈزۈم، قوغۇن، كۆكتات، كالا، قوي بورداشنى ئاساس قىلغان ئالاھىدىلىككە ئىگە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەپەككۇر يولى بويىچە دېھقانلار ئىختىيارى قىلغان ئاساستا كەسپ قۇرۇلمىسىغا قارىتا زور كۈچ بىلەن تەڭشەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىدا زور ئاپەت يىلىدىمۇ يەنە ياخشى مول - ھوسۇل ئېلىندى. پۈتۈن يىلدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق قاتارلىق كەسپلەرنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارت 184 مىليون يۈەن بولۇپ سېلىشتۇرغىلى بولىدىغان باھا بويىچە ھېسابلىغاندا ئۆتكەن يىلقىدىن %6.06 ئاشتى؛ ئىچىدە تېرىقچىلىق كەسپى قىممىتى 995 مىليون يۈەن بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن %6.75 ئاشتى؛ ئورمانچىلىق كەسپ قىممىتى 6 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %27.61 ئاشتى؛ چارۋىچىلىق كەسپى قىممىتى 181 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %3.86 تۆۋەنلىدى؛ بېلىقچىلىق كەسپى قىممىتى 2 مىليون يۈەن بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن %4.01 ئاشتى.

1999 - يىلى ۋىلايەت بويىچە بازارنى يېتەكچى قىلىپ دېھقانچىلىق كەسپ قۇرۇلمىسى يەنىمۇ تەڭشىلىپ،

ئاشلىق، مايلىق دان، ئۈزۈم، قوغۇن، كۆكتات قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەيدانى كەڭ كۆلەمدە ئاشتى.

پۈتۈن يىلدا ئاشلىق تېرىلغۇ مەيدانى 420 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 142 مىڭ 500 مو كۆپەيدى؛ مايلىق دان مەيدانى 6800 مو بولۇپ، ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 6300 مو كۆپەيدى؛ تەك مەيدانى 296مىڭ 100 مو بولۇپ، ئىچىدە: يېڭىدىن تىكىلگىنى 69 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئەمەلىي مېۋىگە كىرگەن مەيدان 181مىڭ 500 مو بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 11مىڭ 100 مو ئاشتى، قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغۇ يەر مەيدانى 73مىڭ 100 مو بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 39مىڭ 300 مو كۆپەيدى؛ كۆكتات تېرىلغۇ مەيدانى 35 مىڭ 900 مو بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن 14 مىڭ 300 مو كۆپەيدى؛ پاختا تېرىلغۇ مەيدانى 218 مىڭ 900 مو بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن 117 مىڭ 300 مو مو كېمەيتىلدى. تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىكى ۋە يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. پۈتۈن يىللىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 116مىڭ 100 توننا بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %61.38 ئاشتى؛ مايلىق دان مەھسۇلاتى 1098 توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلقىدىن 7.13 ھەسسە ئاشتى؛ ئۈزۈم مەھسۇلاتى 373 مىڭ 700 تونىنغا يېتىپ ئالدىنقى يىلقىدىن %10.29 ئاشتى؛ قوغۇن - تاۋۇزنىڭ مەھسۇلاتى 120مىڭ 10 توننا بولۇپ، ئۆتكەن يىلقىدىن %121.45 ئاشتى؛ كۆكتات مەھسۇلاتى 99 مىڭ 500 تونىنغا يېتىپ ئۆتكەن يىلقىدىن %94.4 ئاشتى؛ پاختا مەھسۇلاتى 16429 تونىنغا يېتىپ ئۆتكەن يىلقىدىن %40.81 كېمەيدى.

يىل ئاخىرىدىكى چارۋىنىڭ قوتاندىكى تۇياق سانى 958 مىڭ 100 تۇياق بولۇپ، ئۆتكەن يىلقىدىن %1.9 كېمەيدى. گۆش ئومۇمىي مەھسۇلاتى 16936 تونىنغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلقىدىن %10.65 كېمەيدى؛ قوي يۇڭ مەھسۇلاتى 1764 تونىنغا يېتىپ ئالدىنقى يىلقىدىن %0.8 ئاشتى؛ ئۆي قۇشلىرىنىڭ تۇخۇم مەھسۇلاتى 224 تونىنغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلقىدىن %7.05 كېمەيدى؛ پۈتۈن يىللىق سۈ مەھسۇلاتى 260 تونىنغا يېتىپ، ئۆتكەن يىلقىدىن %0.38 كېمەيدى.

يېزا - بازار كارخانىلىرى مۇقىم تەرەققىي قىلماقتا. پۈتۈن يىللىق يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارت 27 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقىدىن %9.7 ئاشتى. يېزا بازار كارخانىلىرى قوشۇلما قىممىتى 278 مىليون يۈەنگە يېتىپ، %2.0 ئاشتى؛ تىجارەت كىرىمى 1 مىليارت 62 مىليون يۈەنگە يېتىپ %14.5 ئاشتى. يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج 50 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلقىدىن %5.5 ئاشتى؛ باجدىن كېيىنكى ساپ پايدا 92 مىليون 230 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

%6.0 ئاشتى.

يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ياخشىلاندى. 1999 ـ يىلى پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئومۇمىي كۈچى 283 مىڭ 500 كىلوۋات بولۇپ، ئۆتكەن يىل ئاخىرىدىكىدىن %5.73 ئاشتى؛ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 1610 دانە بولۇپ %1.9 ئاشتى؛ كىچىك تىپتىكى تراكتور 13609 دانە بولۇپ، %5.51 ئاشتى. دېھقانچىلىق سۇغىرىش ماشىنىلىرىنىڭ كۈچى 85694 كىلوۋات بولۇپ %6.85 ئاشتى؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن ھەر خىل خىمىيىۋى ئوغۇت 6115 توننا بولۇپ %39.5 تۆۋەنلىدى. يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى 169 مىليون 370 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ، %24.51 تۆۋەنلىدى. يىل ئاخىرىدىكى ئۈنۈملۈك سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 56.12 تۈمەن مو بولۇپ، %2.7 تۆۋەنلىدى.

## 3. سانائەت ۋە بىناكارلىق

سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مۇقىم ئاشتى. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. چوڭنى تۇتۇپ كىچىكنى قويۇۋېتىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مەركەز قىلىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا جەھەتتە ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ ئىككى جەھەتتە تۈپتىن ئۆزگەرىش تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ۋىلايەت بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليارت 388 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %4.03 ئاشتى؛ ئىچىدە يەرلىككە تەۋە بولغىنى 1 مىليارت 173 مىليون يۈەن بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن %7.8 ئاشتى.

يېنىك، ئېغىر سانائەت (يېزا ۋە يېزىدىن يۇقۇرى) بويىچە ئايرىپ قارىغاندا ئېغىر سانائەت ئېشىپ، يېنىك سانائەت تۆۋەنلىدى. پۈتۈن يىلدا يېنىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 316 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 11.35 تۆۋەنلىدى؛ ئېغىر سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليارت 761 مىليون يۈەن بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن %1.34 ئاشتى.

بۇ يىلدىن بۇيان ۋىلايەت مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، ئەلا، كۈچلۈك، داڭدار، باشلامچى كارخانىلارنى يۆلەش پرىنسىپى بويىچە، بىر تۈركۈم سۈپىتى ياخشى، ئۈنۈمى يۇقۇرى، سېتىش يولى بار مەھسۇلاتلار تەرەققىي قىلىپ تېخىمۇ كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سېتىش يولى بولمىغان، ئۈنۈمى تۆۋەن مەھسۇلاتلارغا قارىتا ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويۇش ياكى توختىتىش ئۇسۇلى قوللىنىـ

لىپ، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇردى. 20 خىل ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 7 خىلى ئاشتى، 13 خىلى تۆۋەنلىدى، ئاشقان 7 خىل مەھسۇلاتلاردىن ئالتۇن 1258 كىلوگرام بولۇپ 15.29% ئاشتى؛ پاختا يىپ 7361 توننا بولۇپ 14.34% ئاشتى؛ توك بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 595 مىليون 130 مىڭ كىلوۋات سائەت بولۇپ 9.03% ئاشتى؛ سېمونت 242 مىڭ توننا بولۇپ 2.28% ئاشتى؛ ئۈزۈم ھارىغى 5336.3 توننا بولۇپ 9.67% ئاشتى. تۆۋەنلەپ كەتكەن 13 خىل مەھسۇلات ئىچىدە تۆۋەنلەش نىسبىتى 40%دىن يۇقىرى بولغىنى قۇرۇلۇش بىناكارلىققا ئىشلىتىلىدىغان مېتال بويۇملار، ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەر، گۆڭگۈرتلەشتۈرۈلگەن ئىشخار، قىزىل زەمچە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ماسلاشتۇرۇش ئۆتكەن يىلدىكىدىن ياخشى بولدى. پۈتۈن يىللىق يېزا ۋە يېزىدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش نىسبىتى 98.69% بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 0.16% ئۆرلىدى. ئىچىدە يەرلىككە تەۋە بولغىنى 93.82% بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 2.62% ئۆرلىدى. ئىقتىسادىي تىپلار بويىچە قارىغاندا: دۆلەت ئىگىلىكى 99% بولۇپ ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 0.66% تۆۋەنلەپ كەتتى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىك 94.07%گە يېتىپ، ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 4.83% ئاشتى. باشقا ئىگىلىك 98.87%كە يېتىپ، ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا 3.65% ئاشتى. يېنىك ئېغىر سانائەت بويىچە قارىغاندا: يېنىك سانائەت 99.58%گە يېتىپ، 6.09% ئاشتى؛ ئېغىر سانائەت 98.62% كە يېتىپ، 0.42% تۆۋەنلەپ كەتتى. ناھىيە، شەھەر بويىچە قارىغاندا تۇرپان شەھىرى 101.62% كە يېتىپ، 5.48% ئاشتى؛ توقسۇن ناھىيىسى 89.34%كە يېتىپ 8.06% ئاشتى؛ پىچان ناھىيىسى 98.79%گە يېتىپ 0.92% كېمەيدى.

ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆرلەپ، زىيان تارتىش ھالىتى ياخشىلاندى. ئاساسلىق ئىپادىلىرى: ① سانائەت ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئومۇمىي سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۈنۈۋېر-سال كۆرسەتمە سانى 143.3% بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن ساپ 62.44% ئۆرلەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. باھالىنىدىغان 7 تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئىچىدە ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 37057 يۈەن/ئادەم بولۇپ، 22.2% ئاشتى؛ مەھسۇلات سېتىش نىسبىتى 99% بولۇپ، 0.87% ئۆرلىدى؛ ئومۇمىي مۈلۈك تۆھپە نىسبىتى 6.28% بولۇپ، 0.01% تۆۋەنلەپ كەتتى. كاپىتالنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىممىتى ياكى قوشۇلغان قىممەت نىسبىتى 173.1% بولۇپ، 80.63% ئاشتى؛ مەبلەغنىڭ قەرز نىسبىتى 41.9% بولۇپ، 24% تۆۋەنلىدى؛ ئايلانما مەبلەغ ئوبوروت نىسبىتى 0.87 قېتىم/يىل بولۇپ، 0.11 قېتىم/يىل تېزلىتىلدى؛ تەننەرق سەرپىياتى پايدا نىسبىتى 13.8% بولۇپ، 9.9% ئۆرلىدى.

② كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش ھالىتى روشەن ياخشىلاندى. زىيان دائىرىسى تۆۋەنلەپ ۋىلايەت بويىچە ستاتىستىكىلىنىدىغان 53 سانائەت كارخانىسى ئىچىدە: زىيان تارتىش دائىرىسى %42 بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %3 كېمەيدى؛ پايدىدىن زىياننى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن 432 مىليون 194 مىڭ يۈەن ساپ پايدا يارىتىلىپ، ئېلىنغان ساپ پايدا %99.7 ئاشتى. ئىچىدە يەرلىككە تەۋە بولغىنى 44مىليون 292 مىڭ يۈەن.
③مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشى تەدرىجى ياخشىلىنىپ ۋىلايىتىمىز بويىچە سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىش كىرىمى 3 مىليارت 931 مىليون يۈەن بولۇپ، %3.29 ئاشتى؛ ئىككى تۈرنىڭ مەبلىغى (يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك مەبلەغ ھەم ئىشلەپچىقىرىلغان تەييار مەھسۇلات) ئايلانما مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە ئىگىلىگەن نىسبىتى %22.5 بولۇپ، %21.7 تۆۋەنلىدى.

بىناكارلىق ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدى. 1999 - يىلى ۋىلايىتىمىز بويىچە بىناكارلىق كارخانىلىرى ئورۇنلىغان مەھسۇلات قىممىتى 170مىليون 570مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %8.41 ئاشتى؛ ئۆي ئىمارەت قۇرۇلۇش كۆلىمى 328مىڭ200كۋادرات مېتر بولۇپ%53.29 ئاشتى، پۈتكەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 136مىڭ 100 كۋادرات مېتر، بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 39 مىڭ 800 يۈەن/ئادەم بولۇپ %29.64 ئاشتى. ئېلىنغان پايدا 11 مىليون 986مىڭ يۈەن بولۇپ 5 ھەسسە كۆپەيدى. قوشۇلغان قىممەت 58 مىليون 871 مىڭ يۈەن ئورۇنلاندى.

## 4. مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ

مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىش كۈچى ئاشتى. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلىغى 2 مىليارت 499 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %23.18 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە: يەرلىككە تەۋە بولغىنى 800 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %78.25 ئاشتى؛، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولدى. ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى: ① ئىقتىسادىي تىپلار بويىچە ئايرىپ قارىغاندا: دۆلەت ئىگىلىكى مەبلەغ سېلىش تېز ئېشىپ، كوللېكتىپنىڭ مەبلەغ سېلىشى تۆۋەنلەپ، باشقا ئىگىلىكنىڭ مەبلەغ سېلىشىنىڭ ئېشىشقا قاراپ يۈزلەندى. دۆلەت ئىگىلىكى سالغان مەبلەغ 2 مىليارت 410 مىليون يۈەن بولۇپ، %22.53 ئاشتى؛ كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ سالغان مەبلىغى 22 مىليون يۈەن بولۇپ، %23.96 تۆۋەنلىدى؛ باشقا ئىگىلىكلەر سالغان مەبلەغ 67 مىليون يۈەن بولۇپ %1.02 ھەسسە ئاشتى؛ ② مەبلەغ سېلىش يولى بويىچە قارىغاندا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارت 942 مىليون يۈەن بولۇپ، %1.69 ئاشتى. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %77.7 بولدى. يېڭىلاش ئۆزگەرتىشكە سېلىنغان مەبلەغ 55 مىليون يۈەن بولۇپ، %2.33 تۆۋەنلىدى. باشقىلارغا سېلىنغان

مەبلەغ 469 مىليون يۈەن بولۇپ، 14.24 ھەسسە ئاشتى. ③ 3 كەسىپ قۇرۇلمىسى بويىچە ئايرىپ قارىغاندا: بىرىنچى كەسىپ يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن ئاشتى. ئىككىنچى كەسىپ پۇختا قەدەمدە ئاشتى. ئۈچىنچى كەسىپ تېز سۈرئەتتە ئاشتى. بىرىنچى كەسىپكە (دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق) سېلىنغان مەبلەغ 42 مىليون 570 مىڭ يۈەن بـولـۇپ 25.6 ھەسسە ئاشتى؛ ئىككىنچى كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارت 890 مىليون 640 مىڭ يۈەن بولۇپ 10.49% ئاشتى، ئىچىدە سانائەتكە سېلىنغان مەبلەغ 1مىليارت 885 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ 10.23% ئاشتى. ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ 74.5%نى ئىگەللەيدۇ. ئۈچىنچى كەسىپكە سېلىنغان مەبلەغ 566 مىليون يۈەن بولۇپ 79.9% ئاشتى، ئىچىدە قاتناش ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف، خەۋەرلىشىش كەسىپىگە سېلىنغان مەبلەغ78 مىليون890مىڭ يۈەن بولۇپ، 33.6% ئاشتى؛ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ 52 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، 42% ئاشتى.

نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇلاردىن ئاساسلىقى: كەرچى سۇ ئامبىرىغا ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 123 مىليون يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 68 مىليون يۈەن ئورۇنلاندى؛ تۇرپان شەھىرىنىڭ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 42 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە 35 مىليون 670 مىڭ يۈەن ئورۇنلىنىپ، يېڭىدىن كۈنىگە 40 مىڭ كۇب مېتر سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۆپەيدى؛ لىيەندا كۆمۈرنى گازغا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ شۇ يىلى ئىش باشلاپ شۇ يىلىلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 10 مىڭ مولۇق ئېكىلوگىيىلىك بېلىقچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 41 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 31 مىليون 600 مىڭ يۈەنى ئورۇنلىنىپ بولدى. بىر تۈركۈم نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ تەييارلىقلىرى تېز ئېلىپ بېرىلماقتا. تۇرپان شەھىرىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى دەسلەپكى لايىھەنى تاماملىدى. يالقۇنتاغساياھەتچىلىك يېزا ئىگىلىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق 7598 مو تەك يېرىنى تېمىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلۇش تۈرى توختامىغا ئىمزا قويۇلۇپ بولدى؛ پىچان ناھىيىسىنىڭ كونا شەھەر يولىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتا بىرلەشتۈرۈپ 4 كىلومېتر گاز تۇربا ئاساسىي لىنىيىسى قۇرۇلۇپ بولدى؛ 20 مىڭ تونىلىق ستونىن قۇرۇلۇش تۈرى ئەمەلىيلىشىپ بولدى.

مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. يېڭىدىن قوشۇلغان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلار تۆۋەندىكىچە: قېزىلغان تەبىئىي نېفىت 200 مىڭ توننا، كۆمۈر 30 مىڭ توننا، سۈنئىي پولات رودىسى 200مىڭ توننا، قېزىلغان ئالتۇن رودىسى 330مىڭ توننا، پاختا توقۇمىچىلىق ئۇرچۇقى 15000غا، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جوزا - ئورۇندۇقى 949كە، قۇرۇلۇش كۆلىمى

5477كۋادرات مېترغا يەتتى، شەھەرلەرنى پار بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 10 توننا سائەتكە، ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلەش 3.9 جول كىلوۋات سائەتكە، شەھەر يولىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش كۆلىمى 404 مىڭ 200 كۋادرات مېترغا يەتتى.

## 5. قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى

قاتناش ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش ئىشلىرى داۋاملىق ئاشتى. بىر يىلدىن بۇيان "4510" قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ۋىلايىتىمىز تاش يول ئاساسىي ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى چىڭ تۇتۇلغانلىقتىن ترانسپورت شارائىتى ياخشىلاندى. شۇنىڭ بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ قاتناش ترانسپورت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىندى. 1999 - يىلى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يولۇچىلارنى توشۇش مىقدارى 8 مىليون 590مىڭ 400 ئادەمگە يېتىپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن %13.19 ئاشتى؛ يولۇچىلار توشۇش ئوبورت مىقدارى 528 مىليون 618 مىڭ 100 ئادەم كىلومېتىر بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %1.79 ئاشتى، يۈك توشۇش مىقدارى 6 مىليون 106 مىڭ 700 توننا بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %13.99 ئاشتى. يۈك توشۇش ئوبوروت مىقدارى 865 مىليون 215 مىڭ 400 توننا كىلومېتىر بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %0.25 ئاشتى.

پوچتا - تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىشلىرى كۆلەم شەكىللەندۈرۈپ، تور نۇقتىلىرىنى كېڭەيتىپ، داۋاملىق تېز سۈرئەتتە ئاشتى. پۈتۈن يىللىق ئورۇنلانغان پوچتا - تېلېگراف كەسپى ئومومى مىقدارى 96 مىليون 510مىڭ يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %43.6 ئاشتى، ئىچىدە خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 83 مىليون 2900 يەن يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %52.46 ئاشتى. پوچتا 13مىليون 507 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، %5.8 ئاشتى. خەۋەرلىشىش كەسپىنىڭ ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيدى. يىل ئاخىرىدىكى ئاپتوماتىك ئالماشتۇرۇش ئاپاراتلىرىنىڭ ماشىنا سىغىمچانلىقى 87863 توچكا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 20351 توچكا ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى تېلېفون 41838 غا يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 8522كۆپەيدى، ئىچىدە ئائىلىلەردىكى تېلېفون 32084غا يېتىپ، 6968 كۆپەيدى، ئاممىۋى تېلېفون نۇقتىسى 2011 بولۇپ 502 كۆپەيدى. ۋىلايەت بويىچە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىشى ھەر يۈز ئادەمگە 7.66 دانىدىن توغرا كېلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن ھەر يۈز ئادەمگە 1.52 دانىدىن ئاشتى.

## 6. ئىچكى سودا ۋە بازار مال باھاسى

ئىستېمالغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن دۆلەت ئىستىمالغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى چىقىرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدا مەلۇم ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىستېمال بازىرى جانلانمىغانلىقتىن جەمئىيەتنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى يۇقىرى بولمىدى. ئىستېمال بازىرى مۇقىملىقتىن سۈزلىشىشقا

يۈزلەندى. پۈتۈن يىللىق ئىجتىمائىي ئىستېمال بويۇملىرىنى پارچە سېتىش سوممىسى 887 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %0.51 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭدىن مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ئامىلىنى چىقىرىۋەتكەندە ئەمەلىي ئاشقىنى %2.4 بولدى.

ئىقتىسادىي تىپ ئايرىمىسى بويىچە قارىغاندا: دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكى تۆۋەنلىدى. باشقا ئىقتىسادىي ئىگىلىك كۈنسېرى جانلانماقتا. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى پارچە سېتىش سوممىسى %14.01 تۆۋەنلەپ، بۇنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى ئالدىنقى يىلدىكى %15.3 تىن تۆۋەنلەپ %13.2 كە چۈشۈپ قالدى؛ غەيرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تىپىدىكى ئىگىلىك غايەت زور جانلىقلىقنى نامايەن قىلىپ، ئىگىلىگەن سالمىقى %82.5 بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %5.3 ئۆرلەپ، سودا كەسپىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى. شەھەر - يېزا بازارلىرى بويىچە ئايرىپ قارىغاندا، يېزىدا %3.88 ئاشقان، شەھەردە %3.9 تۆۋەنلىگەن. بازار مال باھاسى داۋاملىق تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى، 1999 - يىلى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىش باھا كۆرسەتكۈچى %97.2 بولۇپ ئۆتكەن يىلدىكىدىن %5 تۆۋەنلىدى. ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بويۇملىرى مال باھا كۆرسەتكۈچى %97.9 بولۇپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن %5.1 تۆۋەنلىدى. مال باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى يېمەكلىكلەر تۈرىنىڭ باھاسى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولدى. 1999 - يىلى يېمەكلىكلەر ئىستېمال باھاسى ئۆتكەن يىلدىكىدىن %8.7 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: يېمەكلىك ماي تىپىدىكىلەر %11.7 تۆۋەنلىدى، قۇرۇق پۇرچاق ۋە پۇرچاقتىن پىششىقلانغان بويۇملار %14.6، گۆش، تۇخۇم ۋە پىششىقلانغان بويۇملار %13.6، سۇ مەھسۇلاتلىرى %22.3، كۆكتات تۈرلىرى %10.4 چۈشۈپ كەتتى، 13 تۈرلۈك سانائەت ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ باھاسى ئۆرلىگەنلىرى تۆۋەندىكىلەر: كىيىم - كېچەك، باش ئاياق كىيىم تۈرلىرى، گىرىم بويۇملىرى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال تۈرلىرى، مەدەنىيەت تەنتەربىيە بويۇملىرى قاتارلىقلار، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى بىلەن ماشىنا ئېلېكتر ئۈسكۈنىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئالدىنقى يىلدىكى سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى؛ بۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك بويۇملارنىڭ مال باھاسى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسى داۋاملىق ئۆرلەپ، ئۆرلەش ھەجمى %5.6 بولدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ باھاسى %1.1 ئۆرلىدى.

## 7. تاشقى ئىقتىساد ۋە ساياھەتچىلىك

1999-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئورۇنلانغان تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 13 مىليون 676 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %32.79 تۆۋەنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت 11 مىليون 497 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %31.84



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com